# دىققەت قىلىڭلار! بىر ئادەمگە مەن بايان قىلغان بىر ھەدىس يەتسە، ئۇ كىشى ياستۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ: بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئاللاھنىڭ كىتابى بار دەيدۇ

مىقدام ىبن مەدىكەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «دىققەت قىلىڭلار! بىر ئادەمگە مەن بايان قىلغان بىر ھەدىس يەتسە، ئۇ كىشى ياستۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ: بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئاللاھنىڭ كىتابى بار دەيدۇ، بىز ئاللاھنىڭ كىتابىدا ھالال دەپ بېكىتىلگەن نەرسىلەرنى ھالال دەپ ئېتىقاد قىلىمىز، ھارام دەپ بېكىتىلگەن نەرسىلەرنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلىمىز، ھەقىقەتەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھارام قىلغان نەرسىلەرمۇ ھۆكۈمدە ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىگە ئوخشاشتۇر».

[تېكىست توغرا] [ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قىيامەت يېقىنلاشقان ۋاقىتلاردا بىر تۈركۈم كىشىلەر سورۇن تۈزەپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ ياستۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان بىر ھەدىس يەتسە، ئۇ ئادەم: بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئايرىيدىغانغا قۇرئان كەرىم كۇپايە قىلىدۇ، قۇرئان كەرىمدە ھالال دەپ بېكىتىلگەن نەرسىلەرگە ئەمەل قىلىمىز، ھارام دەپ بېكىتىلگەن نەرسىلەردىن يىراق بولىمىز دەيدۇ، دەپ خەۋەر بەردى. ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرىدە چەكلەنگەن ۋە ھارام قىلىنغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ ھۆكۈمدە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ھارام قىلغان نەرسىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ رەببىنىڭ ھۆكمىنى يەتكۈزگۈچىدۇر.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/65005

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee